# بەلگىلەنگەن ئىددەت تۈگىدى، سەن ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويغىن

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئۇقبە ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ ئايال ھامىلدار ھالەتتە ئىبرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا: «مېنى خوش قىلىپ بىر تالاق قىلىۋەتسىلە» دەيدۇ، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئۇنى بىر تالاق قىلىدۇ، ئاندىن نامازغا چىقىپ قايتىپ كىرسە ئۇ ئايال تۇغۇپ بوپتۇ، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام: نېمە دەپ مېنى ئالدىدىڭ؟، ئاللاھ جاجاڭنى بەرسۇن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بەلگىلەنگەن ئىددەت تۈگىدى، سەن ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويغىن» دەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇقبەنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم بىلەن توي قىلغان ئىدى، ئۇ ئايال ھامىلدار ھالەتتە زۇبەيرگە: «مېنى بىر تالاق قىلىپ كۆڭلۈمنى خوش قىلىۋەتسىلە» دېدى، چۈنكى ئۇ ئايال زۇبەيرنى ياخشى كۆرمەيتتى، زۇبەيرنىڭ نىكاھىدىن يېنىۋالالمايدىغان شەكىلدە چىقىشنى مەقسەت قىلىپ، تۇغۇدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا بىر تالاق قىلىشنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى ئۇ ئايال ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتىنىڭ بالىنى تۇغۇش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى، زۇبەير ئۇنى بىر تالاق قىلىپ نامازغا چىقىپ كەتتى، نامازدىن قايتىپ كىرگەندە ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغان ئىدى، زۇبەير:نېمە دەپ مېنى ئالدىدىڭ؟، ئاللاھ جاجاڭنى بەرسۇن (سېنى ئالدىسۇن) دېدى، ئالداش ئاللاھ تائالانىڭ خەۋەر بېرىلىدىغان، ھەرىكەت سۈپىتى بولسىمۇ بۇ سۈپەت بىلەن ئاللاھ تائالا مۇتلەق سۈپەتلەنمەستىن، قارشىلىششىش شەكلىدە سۈپەتلىنىدۇ،يەنى: ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ھىلە-مىكرىسىنى بەربات قىلغانلىقى، مۆمىنلەرگە ھىلە ئىشلەتكەنلەرنى بەربات قىلغىنىغا ئوخشاش ئاللاھ ھىلە ئىشلەتكەنلەرگە ھىلە ئىشلىتىدۇ، زۇبەيرنىڭ سۆزىنى «ئاللاھ ئالداش ئارقىلىق جازايىنى بەرسۇن» دېگەننى مەقسەت قىلدى دەپ ئىزاھلىساق توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ باشقا سۈپەتلىرىگە ئوخشاش، بۇ سۈپەتنى ئۆزگەرتمەستىن، ئىنكار قىلىۋەتمەستىن، قانداقلىقى ۋە شەكلىنى سۈرۈشتۈرمەستىن شۇ بويىنچە ئىسپاتلا كېرەك. ئاندىن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بەلگىلەنگەن ئىددەت كۆتۈلمەي تۇرۇپلا تۈگەپتۇ، تالاق بولۇپتۇ، سەن ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويغىن،يەنى: لايىقلاردىن بىرى بول، ئۇ ئىددەتتىن چىقىپ بولغانلىقى ئۈچۈن سېنىڭ ئۇ ئايالدا ھېچ ھەققىڭ يوق» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8286

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee